# رەسىملىك ئۇيغۇر خەلق مەسەللىرى (9)



# يىلان بىلەن چۈمۈلە

تەييارلىغۇچى: ماھنۇر ئۇيغۇر

UYGUR.COM



بىر كۈنى، بىر يىلان يولدا كېتىپ بارسا، قىشلىق ئوزۇقنى توشۇۋاتقان چۈمۈلىلەر ئۇچراپ قاپتۇ.



يىلان تەكەببۇرلۇق بىلەن:

ـ ھەي پىندەك چۈپرەندىلەر، غوجىكاڭنىڭ كەلگەنلىكىنى كۆرۈشمىدىڭمۇ؟ نېمىشقا يول بوشىتىپ بېرىشمەيسەن؟ ـ دەپتۇ.


ـ كۅرۉشنى كۅردۉق، يول كەڭرى، ئايلنىپ ئۅتەرمكن دەپ
ئۇيلاپتۉق، ـ دەپتۉ چۉمۉللەر.



يىلان قاتتىق غەزەپلىنىپ شالىنى چېچىپتۇ:

ـ سىلەردىن قورقۇپ ئايلىنىپ ئۆتەمدىم؟ مېنىڭ ئادەم ۋە ھايۋانلاردىن ھەرقاندىغىنى بىرلا چېقىپ ئۇجۇقتۇرىدىغانلىقىمنى بىلىشمەمسەن؟ ھەر قايسىڭغا جان كېرەك بولسا، چاققان يول بوشىتىش!

بۇ يولسىزلىققا غەزەپلەنگەن چۈمۈللەر يىلاننىڭ سۆزىگە پىسەنت قىلماي، ئۆز ئىشىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ.



ئۆز نەزىردە رەزگى كۆرۏنگەن چۏمۏللەرنىڭ ئۆزىنى كۆزگە ئىلمايۋاتقانلىقى يىلانغا قاتتىق ئەلەم قىلىپتۏ دە بىر چۏمۏلىنى چىشلەپ ئۇنىڭ جېنىغا زامىن بولۇپتۇ.



بۇنى كۆرگەن چۈمۈلىلەر ئۆلگەن سەپدىشىنىڭ قىساسىنى ئېلىش ئۈچۈن
تۇشمۇ-تۇشتىن يىلانغا يېپىشىپ چېقىشقا باشلاپتۇ. يىلان چىدىيالماي،
ئۆزىنى ھەر تەرەپكە تاشلاپ بېقىپتۇ. بىراق قۇتۇلالماپتۇ.



ئاڭغىچە چۈمۈلىلەر ئۇنىڭ ئىككى كۆزىنى ئويۇپ، مېڭىسىنى تېشىشكە باشلاپتۇ. يىلان جان ئاچچىقىدا «ۋاي دات!» دەپ ۋارقىراپتۇ ـ دە، جان ئۈزۈپتۇ.

بۇ بىر يۇرۇش «رەسىملىك ئۇيغۇر خەلق مەسەللىرى» توپلىمى، مەھەممەت سىدىق تومۇرى، ھاجى ئەخمەت، مۇتەللىپ پالتاخۇن، تۇرسۇن زېرىدىن قاتارلىق پىشقەدەم ئۇستازلار تەرىپىدىن توپلاپ رەتلىنىپ شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 1982 ـ يىلى نەشر قىلىنغان، «ئۇيغۇر خەلق مەسەللىرى» ناملىق كىتاب ئاساسىدا، ماھىنۇر ئۇيغۇر، ھەبىبە ئۇيغۇر ۋە نەسلىخان ئۇيغۇر قاتارلىق ئوقۇش يېشىدىكى پەرزەنتلىرىمىز تەرىپىدىن رەسىملىك باللار ئوقۇشلۇقىغا ئايلاندۇرۇلدى. يېڭى ساۋادى چىققان پەرزەنتلىرىمىزنىڭ ئوقۇشىغا تولىمۇ ماس كېلىدۇ. ئاتا ـ ئانىلارنىڭ تىلى چىقىش مەزگىلىدىكى ئوماق پەرزەنتلىرىگە ئۆزلىرىنىڭ يېقىملىق تەلەپپۇزى ئوقۇپ بېرىشىنى ئالاھىدە تەۋسىيە قىلىمىز.

www.uygur.com